شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 5 - ئاي
12
يەكشەنبە
维吾尔文5月12日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۈتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
新疆日报网: www.xjdaily.com
新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24693 - سان　بۈگۈن 4 بەت

شىنجاڭ «ئىنچىكە ھېسابات» قىلىپ يېشىل ئېنېرگىيەدىن ياخشى پايدىلاندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار دۇ گاڭ، لىيۇ بىڭ) دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقى مول توپلانغان رايونى بولغان شىنجاڭ بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق «ئىنچىكە ھېسابات» قىلىپ، شامال ئېنېرگىيەسى، قۇياش ئېنېرگىيەسى قاتارلىق يېشىل ئېنېرگىيەلەردىن ياخشى پايدىلاندى، بىرىنچى پەسىلدىكى شامال ئېنېرگىيەسىدىن ۋاز كېچىش نىسبىتى ۋە يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن ۋاز كېچىش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 6.6 پىرسەنت پوئىنت ۋە 7.8 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلەپ، يېڭى ئېنېرگىيەنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان «قىسماق» يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بوشىتىلدى.

مۇخبىرلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆلچىمىدە، شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك تارقىتىش مىقدارى 7 مىليارد 660 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.8% ئاشقان؛ فوتو ۋولت توك چىقىرىش مىقدارى 2 مىليارد 610 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.7% ئاشقان، يېشىل ئېنېرگىيەدىن تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىلغان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل · كۈرەشچان يېڭى دەۋر

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

كۆكتوقاي: كىچىك بازاردا ھېكايە كۆپ

بىرىنچى سەپتە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمىز

☐گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ما جيەنلۇڭ، زوۋ يى

كۆكتوقاي كىچىك بازىرىدا ئۆزىنى «تاشلاندۇق نەرسىلەرنى يىغقۇچى» دەپ ئاتىۋالغان باقتىبېك جاسىمقاننى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئۇ بازاردا كونا بۇيۇملارنى، چوڭى ساتىراشخانىنىڭ كونا پاسوندىكى ئورۇندۇقىدىن، كىچىكى جىنجىراغقىچە بولغان نەرسىلەرنى يىغىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆكتوقايدىن كەتكەنلىكى كىشىلەر ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەرنى باقتىبېككە قالدۇرۇپ كەتتى.

باقتىبېك كۆكتوقايدىكى «2 - ئەۋلاد كانچى»، بۇ يىل 60 نەچچە ياشقا كىردى. ئۇ ئىلگىرى بىر پاراشۇتچى ئەسكەر بولۇپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەندىن كېيىن كۆكتوقايغا قايتىپ كەلگەندى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ قەلبىدە ھەمىشە بىر پارچە ئۆچمەس ئوت بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ كىچىكىدىن قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەن كۆكتوقايدىكى «1 - ئەۋلاد كانچى»لارنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى ئىدى.

باقتىبېك يىغقان «ئەسكى - تۈسكى»لەر بارغانسىرى كۆپىيىپ، ئۆيى لىق تولۇپ، يەنە كۆكتوقاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ بىر تاشلاندۇق زالىمۇ توشۇپ كەتكەندى. كۆكتوقاي كادىرلار شۆيۈەنىمۇ ئۇنىڭغا بىر سىنىپنى نەرسە قويۇشقا بوشىتىپ بەردى، ئۇ يىغقان بەزى «ئەسكى - تۈسكى»لەر ھەتتا كۆكتوقاي كۆرگەزمىخانىسىغا قويۇلدى.

«مېنىڭچە، كۆكتوقايدىكى ھەربىر نەرسىدىن بىر ھېكايە چىقىدۇ، بۇ يەردىكى ھەربىر ھېكايە بولسا تىللاردا داستان بولغۇدەك تارىخ كارتىنىلىرىدۇر» دېدى باقتىبېك «ئەسكى - تۈسكى»لەر دۆۋىلەپ قويۇلغان ئامباردا ئەينى يىلى كان ئىشچىلىرى ئىشلەتكەن كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا تۇغۇلغان «3 - ئەۋلاد كانچى» فۇ جىلىڭ بىلەن تەن شىڭلىغا.

تەن شىڭلى بىلەن فۇ جىلىڭ ئىككىسى كۆكتوقايدا قېپقالغان «3 - ئەۋلاد كانچى»لار بولۇپ، ئىككىلىسى «2 - ئەۋلاد كانچى» باقتىبېكنىڭ قەدىناس دوستلىرى. باقتىبېكنىڭ سۆزلىرىدىن «كۆكتوقايدىكى جىياۋ يۈلۇ» ئەن گۈيخۇەيگە بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشى چىقىپ تۇراتتى.

بىز باقتىبېكنى زىيارەت قىلغان بۇ كۈنى، ئۇ بىر كىچىك چاي قۇتىسىنى چىقىرىپ، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئازراق چاي ئېلىپ، «ئەسكى - تۈسكى» قاچىسىدا بىر پىيالە چاي دەملىدى. ئۇ فۇ جىلىڭ، تەن شىڭلى ۋە مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «بۇ چاي بەك قىممەتلىك، قېنى بىرلىكتە ئىچىپ، بۇ چاينىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىڭلار».

«بۇ چاينىڭ تەمى بەك قىرتاق ئىكەن!» تەن شىڭلى بىر يۇتۇم ئاغزىغا ئېلىپ، ناھايىتى تەستە يۇتۇۋەتتى.

باقتىبېك ئۇنىڭ كەينىدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ مۇنداق دېدى: «بۇ چاينىڭ تەمى نېمانداق قىرتاق! بۇ مەن ئەن گۈيخۇەي شۇجىنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرغاندا چاماداندىن ئېلىۋالغان ئازغىنە چاي ئىدى».

فۇ جىڭمۇ بىر يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن: «بۇ چاينىڭ تەمى ھەقىقەتەن بەك قىرتاق ئىكەن!» دېدى.

نۆۋەت مۇخبىرلارغا كەلگەندە، بىر يۇتۇم ئىچىپلا بۇ چاينىڭ تەمىنى تېتىپ: «بۇ كۇدىڭ چېيى، تەمى ناھايىتى ساپ ئىكەن!» دېيىشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنى ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ



جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا 10 مىڭ توننىلىق يۈك پويىزىنىڭ دائىملىق قاتنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، كورلا ۋوگزالىدا W82523 - قېتىملىق يۈك پويىزى يولغا چىقىش تەييارلىقى قىلماقتا. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئېغىرلىقى 10 مىڭ تونناغا يېتىدىغان W82523 - قېتىملىق يۈك پويىزى كورلا ۋوگزالىدىن ئاستا - ئاستا قوزغىلىپ، ئاقسۇ ۋوگزالىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، بۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا 10 مىڭ توننىلىق يۈك پويىزىنىڭ دائىملىق قاتنىشىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۆمۈريول تارماقلىرىدىكىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا 3 - ئايدا 10 مىڭ توننىلىق سىناق پويىزى قاتناشنى باشلىغان ھەم 5 - ئايدا 10 مىڭ توننىلىق يۈك پويىزى رەسمىي قاتناپ، كورلا - قەشقەر، ئاقسۇ - قەشقەر قاتارلىق بۆلەكلەردە دائىملىق قاتناشنى باشلىغان، پىلان بويىچە، كەلگۈسىدە بىردىن ئىككىگىچە پويىز قاتناپ، يولۇچى ۋە يۈك پويىزلىرىنىڭ راۋان قاتنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتتى

(دىڭ لېي فوتوسى)

داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلدى　دورىغا پىرسەنت قوشۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى　زامانىۋى دوختۇرخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتى «چوڭقۇر سۇ رايونى»غا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە

تىيانشان كۆزنىكى

☐مۇخبىرىمىز گاۋ ۋا

2019 - يىلى يېڭى داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ ئونىنچى يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتىدا قانداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؟ كېيىنكى قەدەمدە قانداق تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ؟ 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى سىياسەت، قانۇن - نىزام ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى لىنيۇ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

■ئۈچىنچى دەرىجىلىك 37 دوختۇرخانا داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشىدا باشلامچى بولدى

ئىلگىرى ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنىڭ شەھەرلەردىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا زىيادە مەركەزلىشىشى چوڭ دوختۇرخانىلار ئاغرىقلار بىلەن لىق تولۇپ كېتىدىغان، ئاساسىي قاتلامدىكى دوختۇرخانىلارغا ھېچكىم كىرمەيدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. «دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش - داۋالاشنى ئالغا سىلجىتىش، داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇش بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر ئاچقۇچى» دەپ تونۇشتۇردى لى لىنيۇ.

دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش - داۋالاش قانداق ئايرىلىدۇ؟ داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قانداق بەرپا قىلىنىدۇ؟ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «ئاساسىي قاتلامدا تۇنجى دىياگنوزنى قويۇش، دىياگنوزنى قوش يۆنىلىشلىك يوللاش، جىددىي كېسەل بىلەن سوزۇلما كېسەلنى ئايرىپ داۋالاش، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىش»تىن ئىبارەت دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش - داۋالاش تۈزۈمىنى سىجىل يولغا قويۇپ، داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بەرپا قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنى باشلامچى قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا تەسىر كۆرسىتىدىغان داۋالاش گۇرۇھى بەرپا قىلىندى ھەمدە ئۆسمە كېسەللەر، يۇقۇملۇق كېسەللەر، روھىي ساغلاملىق، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش، بالىلار كېسەللىرى، سۆڭەك كېسەللىرى قاتارلىق مەخسۇس كېسەللەر ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك 37 ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسى داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشىدا باشلامچى بولدى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسى، يېزا - بازارلىق شىپاخانا (مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى)دىن 260 ى داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا - بازارلىق شىپاخانا (مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى)لار دىياگنوز قويغان - داۋالىغان ئادەم سانى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئاشقان، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى، داۋالىنىشى جەھەتتىكى قولايلىقلىق، ئادىللىق كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ۋەن گاڭ جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

«بىر بەلباغ، بىر يول» يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن گاڭ جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، «‹بىر بەلباغ، بىر يول› يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش»نى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

ۋەن گاڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

4 - نۆۋەتلىك يىپەك يولى خەلقئارا كۆرگەزمىسى باشلاندى

شىنجاڭدىن 100گە يېقىن كارخانا كۆرگەزمىگە قاتناشتى

مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، 4 - نۆۋەتلىك يىپەك يولى خەلقئارا كۆرگەزمىسى ھەم جۇڭگو شەرقىي - غەربىي رايونلار ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسى (قىسقارتىلىپ يىپەك يولى كۆرگەزمىسى دەپ ئاتىلىدۇ) شىئەن شەھىرىدە باشلاندى، شىنجاڭدىن 100گە يېقىن كارخانا كۆرگەزمىگە قاتنىشىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلارغا يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىدىكى نەتىجىلەرنى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلدى.

بۇ نۆۋەتلىك يىپەك يولى كۆرگەزمىسى «يېڭى دەۋر. يېڭى ۋەزىيەت. يېڭى تەرەققىيات»نى باش تېما قىلغان بولۇپ، بىر ھەمكارلىق - ئالماشتۇرۇش زالى، تۆت كەسىپلەر زالى، بىر خاس مەھسۇلات زالى تەسىس قىلىندى. رۇسىيە، كامبودژا، كورېيە قاتارلىق 25 دۆلەتتىن كەلگەن 200دىن ئارتۇق كارخانا ۋە چېگرا ئىچىدىكى 2000دىن كۆپرەك كارخانا كۆرگەزمىگە قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا سودا بانكىلىرى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتى تۆۋەنلىتىلىپ قويۇپ بېرىلگەن 3 مىليارد يۈەن مەبلەغدىن نەپ ئالدى

پۇقراۋى ۋە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا دەل جايىدا مەدەت بېرىلدى

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈكفېيىنىڭ** جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن ئىگىلىشىچە، جۇڭگو خەلق بانكىسى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋە 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ناھىيەلەرگە مۇلازىمەت قىلىدىغان يېزا سودا بانكىلىرىنىڭ خەلق پۇلى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى 8%كە تۆۋەنلىتىشنى قارار قىلغان بولۇپ، جەمئىي ئۈچ پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىتىدىكەن. مۆلچەرلىنىشىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا 19 يېزا سودا بانكىسى بۇ قېتىملىق ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بىۋاسىتە قويۇپ بېرىلىدىغان مەبلەغنىڭ تەخمىنەن 3 مىليارد يۈەن بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن، بۇ، 2018 - يىلدىكى پۈتۈن يىللىق يېڭىدىن ئاشقان قەرز پۇلنىڭ 20%ىگە باراۋەر ئىكەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى-يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق بىر تۈركۈم دېلونى مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلدى

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشتىكى «ئاساسىي قوشۇن»لۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق بىر تۈركۈم دېلونى مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق بىر تۈركۈم شايكىلارنى يوقىتىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق بىر تۈركۈم جىنايەت گۇماندارلىرىنى قولغا چۈشۈردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP